# ئەگرىسى غەبلەتتە تەلەيسىز خەلقىم

مۇھەممەت-ئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ

## «ئاتۇ» قۇربانلىرى خاتىرىسىگە

سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم —
بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم
قۇربان ئەمەسمۇ.
خەلق بېيىتلىرىدىن.

* * *

تەلەيدىن تاج كىيگەن دېسەم بۇ ئەلدە،
تەختىمۇ، بەختىمۇ ئېكەنغۇ چاغلىق.
قېنى بىر قوش ژۈرەك ئىككى ۋەتەندە
قىسمىتى قاتلىغا بوپتۇ ئاھ، باغلىق.

«ئاتۇ» دەپ ئاتاپسەن قارا كۈنۈڭنى،
بېگۇنا قانلاردىن ئاققان كۈنى سەل.
ئەرشىگە ئاڭلاتماي، بوغۇپ ئۈنۈڭنى، —
قىزىل تۇغ-تىغ بولۇپ تۇتقاندا ئەجەل!

«ئاتۇ» دەپ ئاتاپسەن،
ئاھۇ-نادامەت،
يەتتىسۇ ئورنىدا ئاققان كۈنى قان.
بېشىڭدا ئەزرائىل-كەپتۇ قىيامەت،
يوقسۇللار بەختىگە ئاتتى دېسەڭ تاڭ!

يوقسۇللار بەختىگە ئاتتى دېسەڭ تاڭ،
ماتەمنىڭ لىباسىن كىيىپتۇ قۇياش.
تەگرىتاغ باغرىدا ئېگراپ تۇمەن جان،
خاتەگرى چوقتىسىن ژۈيۈپتۇ قان-ياش.

«ئازاتلىق!» دەپ بىلسەڭ، ئۇ بولۇپ ھازا،
سەرراپقا ئايلانسا ئەرك، ھۆررىيەت.
ئىشەنگەن ئېغىڭدا بەلايۇ-قازا،
شەرھىيچۈن بارمۇ ئېيت، بىر زەررۇرىيەت؟!

مىڭ ئەپسۇس!
ئاق ئورۇس ئاتسىلىپ،قىلىچ ئۇرغان چاغ،
نېچۈن سۈكۈت قىلغان قەدىناس-قاياش؟!
ئورۇلسە بېشىڭغا مىسلى غەمدىن تاغ،
ئەقەللى بولمىغان ھەمدەردلىك، ئاياش؟!

گۇنايىڭ نېمدى؟!
تامام قىرغىندەك،
يەتتىسۇ ساھىلىن نېچۈن ژۈيغان خۇن!
رېسىدە بولمىغان لەيلى قىز-دىندەك،
ئاچ-زېرىن سەغىرلەر سەھرىي مەجنۇن!

«ئاتۇ» دەپ ئاتاپسەن، ئېتىلغاچ ئايلاپ،
«قىيامەت قىرغىن كۈن!»-دېيىشەر ھەر كىم.
دېمەك:
ئوز يۇرتۇڭ بولماپتۇ ساڭا خان يايلاق،
ئەگرىسى غەبلەتتە تەلەيسىز خەلقىم!

ئەگرىسى غەبلەتتە تەلەيسىز خەلقىم،
مەلمۇ بىر زەررەڭمەن، يوق ھېچ ياتلىقىم.
ئوتمۈش تارىخىڭنى قىلغاندا تەلقىن،
سەن بىلەن ئىزتىراپ، ھەسرەت، شاتلىقىم.

سەن بىلەن دۇئاغا ئاچتىم مانا قول،
«ئاتۇ» قۇربانلىرى روھى پاكىغا.
گاھ يېتەر، گاھ يەتمەس، يەنە ئاگاھ بول،
ئىلتىجا، تەكبىرلەر ساما شاھىغا.
پاك جانلار روھىغا دۇئا قىل، خەلقىم!

### قايتىدۇ بىر كۈن

كېتىشكە تەرەددۇت قىلدىم مەن بۈگۈن،
ھىجراننىڭ خەنجىرىن ئۇرۇپ ژۈرەككە.
يول چۈشسە، كېلۇرمەن ئەتە، ئوگۈن،
ۋەتىنىم، ئۇزاتقىن ئىزگۇ تىلەكتە.
ئۇزاتقىن ئوغلۇڭنى، تىلىگىن ئاق يول،
دۇئاغا ئېچىلغان ئالقىنىڭغا ئال.
يەنە كورۇشكىچە، خەير، ئامان بول،
يولۇمغا ئىنتىزار مىڭ كوز بولۇپ قال.
ۋەتىنىم!
مىڭ ژىللىق موتىۋەر ئانام،
ئەركىگە تۇغ بولۇپ قايتىدۇ بالاڭ،
قايتىدۇ بىر كۈن!

### سايرام

سايرام ساھىلىغا مەنمۇ سالدىم ئىز،
تىزلىنىپ ئولتىرىپ يۈزۈمنى ژۈيدۇم.
سۈمۈرۈپ ھاۋاسىن تويماستىن ھەرگىز-
جان قىلىپ ژۈغرىپ قەلبىمگە قۇيدۇم.
— بىلەمسىز؟-تىل قاتتى ماڭا سەپەرداش:
بۇ كولدە جانزات يوق، قونمايدۇ ئاققۇ.
مەن دېدىم: ژۈلۇمغا ئېرەلمەي بەرداش
ئېتىلىپ چىققان دەرت، ئەسرىي ئاھ بۇ!
ئەل بىلەن يەر قوشماق-قىسمىتى بىللە،
مەڭگۈلۈك تومۇرداش، ئۈيۈل كىندىكداش.
سايرامنى بىر ئاددىي كول ئېكەن دېمە،
ئۇ —
ئانا-يەر مەڭزىدە ئۈيۈپ قالغان ياش.

1990-ژىل، سايرام.

### مەمنۇن

#### قان توكۈلدى

(قورام-لاۋارلاردا ئېتىلغان قېرىنداشلىرىم روھىغا تەزىيە)

ئەشۇ كۈن مىڭ-مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كوكسىدىن قان توكۈلدى،
قوشۇلۇپ قان بىلەن مىڭ-مىڭ ئارزۇ-ئارمان توكۈلدى.

ئاتۇ دەپ ئاتالدى بۇ كۈن ئۇيغۇر بېشىغا چۈشكەن،
ژۈيۈشقا قانلارنى يامغۇر قۇيۇپ ئاسمان توكۈلدى.

قوماچتەك قورىدى ئوقلار ئاھ، ئېسىل جانلارنى ئاھ،
ئەندى گۈل ئاچقان مۇھەببەت، پاكىز ئىمان توكۈلدى.

چىدالماي بۇ ھالغا پۈتكۈل تىرىكلىك، گۈل-گىيالار،
كوزلەردىن ياش بولۇپ ئۈنچە، گوھەر، مارجان توكۈلدى.
ھەتتا تاڭ قالدى پەلەك دات-پەريات سادالىرىغا،
باغۇ-بوستانلار بولۇپ شۇم ئوقتا ۋەيران توكۈلدى.

ئولتىرىپ ئاتاڭنى ئۇيغۇر، ئاناڭنى تۇل قويدىمۇ؟
نەدە ئۇ ھەققا نىيەت دەپ خەلقىم سەرسان توكۈلدى.

سۈيەكلەر دوگلىنىپ ئەينە يېزا-مەلە ئورنىدا،
بولدىغۇ پەيدا بۈگۈن چوڭ بىر قەبرىستان توكۈلدى.

يوقاتتى ئۇيغۇر ئەشۇنداق ئۇلۇق ئامەتلىرىنى،
دېسەم، ياق-ياق دەيدۇ بەلكى پۈتكۈل جاھان توكۈلدى.

بەلكى شۇندىندۇر ئەي ئۇيغۇر، سېنىڭ تەلەيسىزلىكىڭ؟
ئەجدات ھەم ئەۋلات بېشىغا پۈتمەس ھىجران توكۈلدى.

دېگى بار كوكسۈمدە ئەجدات ساڭا تەككەن شۇ ئوقنىڭ،
دېسەم، ئاھ، مەمنۇن ئېنىدىن قۇۋۋەت-دەرمان توكۈلدى.

### ئاتۇ ياجەسىگە 75 يىل



جۇمھۇرىيەتتە يۈز بەرگەن ئاشكارلىق تۈپەيلى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق ساھالىرى دېگىدەك ئوتتۇرغا ئېلىنغان مەسىلىلەر قايتىدىن قارىلىپ، ھەقىقىي باھاغا ئېگە بولماقتا. بۇ جەھەتتىن خەلقىمىز جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمىيىتى، «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 75 ژىل مۇقەددەم يەتتىسۇ تەۋەسىدە يۈز بەرگەن قانلىق ئاتۇ پاجەسىنى ئامموۋي يوسۇندا خاتىرىلەشكە باغلىق كوتەرگەن تەشەببۇسى سوزۇمىزنىڭ روشەن ئىسپاتى بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، ئاتۇ پاجەسىنىڭ 75 ژىللىقى ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ئاشتەقارا، قىزىل غەيرەت، قورام يېزىلىرىدا ئاتاپ ئوتۇلۇپ، 5-ئىيۇن كۈنى ئۇلۇق ئېپەك يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان لاۋاردا داۋاملاشتى. ژىراق-يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار شېھىتلار مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەن مۇقەددەس دوڭ ئالدىغا جەم بولدى.

ئاتۇ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان نەزىر-چىراق، يادىكارلىقنى ئېچىش مۇراسىمنى ناھىيەلىك ھاكىمنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى سېرىك بېسپايېۋ ئاچتى. ئاندىن ئالمۇتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى زېبىبۇللام قىرائەت قىلدى. كېيىن ئالمۇتا شەھىرىدىن كەلگەن بىر توپ ئۇيغۇر زىيالىلىرى، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلار سوزگە چىقتى.

**سۈرەتلەردە: لاۋاردىكى ئاتۇ پاجەسى قۇربانلىرىغا بېغىشلانغان خاتىرە كۈنىدىن كورۈنۈشلەر.**

**د. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرەتلىرى.**



ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى–روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993 ژىل 26– ئىيۇن شەنبە №25 (3679)

ئەركىن باھا

گېزىت 1970 – ژىلى 1– يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي– سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

## داڭلىق سەنئەتكار– مۇساجان روزى



مىللىي ھاياتىمىزدا سازنى، سەنئەتنى سۆيمىگەن، ناخشا ۋە ئىجاتقا زوقرىغدىن مەھرۇم بولمىغان ئادەم كامدىن– كام تېپىلسا كېرەك. ئەل– يۇرت ئىشقى بىلەن ياتقان ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبى ھەمىشەم ناھاڭغا، ئىجاتقا تەلپۈنىدۇ. ئامما ناخشا ئېيتىش، ناھاڭ بەستىلەش، ئىجات قىلىش، ئۆز سەنئىتى بىلەن باشقىلارنىڭ قەلبىدە شېرىن ھېس– تۇيغۇ ئويغىتىش بەختىگە ھەر كىم مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ.

سەنئەت ھەققىدە گەپ بولغاندا، خەلقىمىزنىڭ «ئون ئىككى مۇقامىدەك» مۇزىكا مىراسىدىكى ئوللاپ، يۈزلەپ ئەجايىپ خەلق ناھاڭلىرىغا ئۆز قەلبى ھارارىتىنى، دەردۇ– ھەسرەتلىرىنى باغلاپ، ئۇلى بېيىتىپ، سوھبەتلىشىپ– ھەسرەتلىشىۋېلىشقا قادىر بولغان، خەلقىمىزنىڭ مەشھۇر سازەندىسى، بەستىكارى ۋە ناخشىچى– مۇساجان روزى ئوبرېزى ئامايەن بولىدۇ. بۇ ماھىر سازەندە ئىجراسىدىكى ناھاڭلار قايسى دىلنى شاتلاندۇرۇپ كۈلدۈرمىگەن، قايسى دەردى بارنى ژىغلاتمىغان، قايسى سويۈشكەن ئاشىق– مەشۇقلارنىڭ سويگۈسىنى ئۇلۇقلىمىغان، قەلبىنى لەرزىگە سالمىغان ۋە كىمنى ھايات ھەققىدە يەندىمۇ چوڭقۇرىراق ئويلىنىشقا دەۋەت قىلمىغان دەيسىز!

مۇساجان روزى ناھاڭلىرىدىن يارالغان سېھىرلىق ئالەمگە ئۆزىنىڭ قىرىققا يېقىن ناخشا– سازىنى ھەدىيە قىلغان سەنئەتكار. ئۇنىڭ «سەبا»، «ئانامەي»، «جان دوستلار» ۋە «ئىز» قاتارلىق ناھاڭلىرى خەلقىمىزنىڭ سويۈپ تىڭشايدىغان ناھاڭلىرىغا ئايلانغان.

ئۈرۈمچى– شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى مۇساجان روزى 1925– ژىلى ئالتىنچى ئايدا يار كەنت شەھىرىنىڭ (پانفىلوۋ) ئۇسەك بويىغا جايلاشقان كۈنچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. بىر ياشقا ئەندىلا تولغىنىدا، ئاتا– ئانىسى شەرقىي تۈركىستانغا ئوتۇپ كەتكەن. مۇساجان روزى ئاتا– بوۋىلىرىنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، باللىقىدىنلا سەنئەتكە ئىشتىياق باغلاپ ئۆستى. خەلق ئىچىدە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ژۈرگەن مۇساجان روزىنىڭ تالانتى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە مەلۇم بولغاندا ئۈرۈمچى– شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ژىل ئىشلەپ، كۆپلىگەن تالانتلىق سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى.

ر. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرىتى.

## بۈگۈنكى سان سەھىپلىرىدە:

2– بەت:
ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلەيدۇ.

3– بەت:
خەلق يازغۇچىسى زىيا سەمەدىيگە مەكتۇپ.
كۆڭۈلدە قالغان ئېچىنىش.

4– بەت:
سەردار قەلەم ساھىبى.

5– بەت:
تۈركىيەدە ئوقۇيدۇ.
كېلەچەك ئىشقىدا يېنىپ...

6– 7– بەتلەر:
ۋەتەنگە سېغىنساڭ، تېز چاقىقا قانداق سىغارسەن.

8– بەت:
«ئېغىر تىنىقلاردا» – سەئىدىيە خانلىقى

9– بەت:
ئەدەبىيات گۈلزارى.

10– بەت:
ئابدۇللا ئاكىنىڭ لاپىلىرى.

11– بەت:
شېرىن سوز– جان ئوزۇغى.

12– بەت:
باللار ئارىسىدىكى جىنايەتچىلىك.

### ھوججەتلىك فىلم چۈشىرىلىۋاتىدۇ

ئاتىراۋ. ئىران تېلېژۇرنالىستلىرى كاسپىيدا يېڭى ھوججەتلىك تېلېفىلم چۈشىرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاتىراۋ ۋىلايىتىگە ماڭغىستاۋدىن كەلدى. تېلېژۇرنالىستلار بۇ يەردە يېرىم ئارالنىڭ تارىخى ۋە ئاھالىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە رېپورتاژلارنى تەييارلاۋاتىدۇ.

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تېلېشىركىتىنىڭ فىلمنى چۈشەرگۈچىلەر توپى ئىلگەرىكى ئىتتىپاقنىڭ بەش جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق كاسپىي رېگىونى تەرەققىياتى توغرىلىق ھېكايە قىلىشنى مەخسەت قىلغان. بۇ پروگراممىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى خوشنا دولەتنىڭ ئاھالىسىغا كاسپىي ئەتراپىدىكى دولەتلەردىكى تۇرمۇش ھەققىدە ئازدۇ– تولا بولسىمۇ ئوبيېكتىۋ چۈشەنچە بېرىدۇ.

سوزسىزكى، بۇ خىلدىكى تېلېسېرىيال ئىراننىڭ سودا– سانائەت دائىرىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن قويۇق ھەمكارلىق ئورنىتىشقا جەلپ قىلىدۇ.

(قازتاگ).

### پرېزىدېنت – دەم ئېلىشتا

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييۇ ئىيۇننىڭ 23دىن ئېتىۋارەن قىسقا قەرەللىك دەم ئېلىشتا بولۇۋاتىدۇ.

(قازتاگ).

### س. ئە. ئەبدىلدىننىڭ تالدىقورغانغا ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن سەپىرى

24– ئىيۇن كۈنى ئالىي كېڭەشنىڭ رەئىسى سېرىكبولسىن ئەبدىلدىن ۋىلايەت يەرلىك كېڭەشنىڭ دېپۇتاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن تالدىقورغانغا كەلدى. جۈمە كۈنى پارلامېنت رەھبىرى ۋىلايەتلىك كېڭەش سېسسىيەسىگە ئىشتىراك قىلدى.

(قازتاگ).

### پېنسىونېرلارنى ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش

23– ئىيۇن كۈنى ئالمۇتىدا پېنسىونېرلار بىلەن ناكالارنى ھىمايە قىلىشنى قانۇن جەھەتتىن تەمىنلەش، ماۋزۇسىدا ئىلمىي– ئەمەلىي كونفېرېنسىيە ئاياقلاشتى، ئۇنى ئالىي كېڭەشنىڭ تېگىشلىك كومىتېتى ۋە ئەخبارات مەركىزى، ئاھالىنى ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش مىنىسترلىكى ئۆتكۈزدى.

ھازىر ئىقتىسادىي ئەھۋال شۇنداقكى، بىزدىكى ئۇرۇش ۋېتېرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ غەرىپتىكى كەسپداشلىرىغا قارىغاندا، پېنسىيەنى يۈز ھەسسە ئاز ئالىدۇ، – بۇ توغرىلىق ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرى ئالمۇتا شەھەرلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسى شايداخمېت سېرغازىن ئېيتتى. موشۇ كەمگىچە ئۇرۇش قاتناشقۇچىلىرى بولۇپ ھېسابلانمايدىغان ناكا ئانىلار، ئارقا سەپ ئەمگەكچىلىرى ئەستىن چىقىرىلدى. مىنىسترلار كابىنېتى يېنىدىكى دولەت مالىيە نازارىتىنىڭ رەئىسى سېيتسۇلتان ئايمبېتوۋ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز خېلە ئۇزۇن قىلىۋاتقان جۇمھۇرىيەت پېنسىيە فوندى مەبلىغىنىڭ پات– پاتلا ئۆز مەخسىتى بويىچە پايدىلىنىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ ئەھۋالدىن قانداق چىقىش كېرەك؟ كونفېرېنسىيەنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بەزى بىرلىرى پېنسىيەگە چىقىش يېشىنى ئاتمىش بەشكىچە كۆپەيتىشنى، ئىككىنچىلىرى ئىمتىياز ئېلىۋاتقانلار سانىنى قىسقارتىشنى، ئۈچىنچىلىرى بولسا دولەت پېنسىيە فوندىغا قوشۇمچە ئىختىيارىي پېنسىيە فوندلىرىنى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.

(قازتاگ).

